﴿ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴾

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

# ئىسلام مىراس تەقسىمات قائىدىلىرى





**قال رسول الله ﷺ:**

«تَعَلَّمُوا الْفَرَائِضَ وَعَلِّمُوْهَا فَاِنَّهُ نِصْفُ الْعِلْمِ وَهُوَ يُنْسٰى وَهُوَ اَوَّلُ عِلْمٍ يُنْزَعُ مِنْ اُمَّتِىْ» «مىراس ئىلىملىرىنى ئۆگىنىڭلار ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىڭلار، چۈنكى ئۇ (دىنىي) ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر. شۇنداقلا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىم ئەڭ بۇرۇن ئۇنتۇپ كېتىدىغان ۋە زايە قىلىۋېتىدىغان ئىلىمدۇر».

ـــ ئىبن ماجە رىۋايىتى.

# كىرىش سۆز

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراسقا ئائىت ئەھكاملار بولسا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ئەھكاملىرىدىن بىرىدۇر.

مىراس ئىلمى ئالىملىرىمىز (ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) زور ئىجتىھاد بىلەن ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنى ئاساس قىلىپ، ساھابە-كىراملار (ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولغاي)نىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمەلىيىتىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەربىر دەۋرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان مەزكۇر ئەھكامنى شەرھلەپ چىقتى.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بىزنىڭ تىل-يېزىقىمىزدا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان كىتابچىسى يوق بولغاچقا، كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دېگۈدەك ھالدا ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قالغانلىقى، ئۇنىڭغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ۋە ئەمەل قىلىشقا ئېتىبار بەرمەسلىكى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىيارلىرىمىزدا بۇ مىراس تەقسىمات ئەھكاملىرىغا تېگىشلىك رەۋىشتە ئەمەل قىلىش ھازىرغىچە ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلىرىمىزدا مىراسنى تەقسىم قىلمايدىغان، تەقسىم قىلسىمۇ ئۆز رايىچە تەقسىم قىلىدىغان، ئېرىنىڭ مىراسىنى خاتۇنى ئىگىلىۋالىدىغان، خاتۇنىنىڭ مىراسىنى ئېرى ئىگىلىۋالىدىغان، ئومۇملاشتۇرۇپ



ئېيتقاندا، ئىسلام مىراس تەقسىمات قائىدىلىرى بويىچە ئىش قىلمايدىغان، ھەتتا ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ، مىراسنى غەيرىيىنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە سادىر بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاللاھنىڭ بۇ مۇقەددەس ئەھكامىنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى مىراس ئىلمى (**علم الفرائض**) توغرىسىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، ئەڭ يېڭى ئۇسلۇبتا چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. پايدىلىنىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن يەنە قېلىپلاشقان مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْۗ﴾ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)» (سۈرە ئەھزاب 36- ئايەت)، دېگەن ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، بۇ مىراس تەقسىمات قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشىنى، ئۆگىتىشىنى، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ، مىراس ئىلمى توغرىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىق، نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن، خاتالىق بايقالسا تۈزىتىپ پايدىلىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە رەھمەت قىلغاي (ئامىن!).

— مؤلف.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە** ........ 1
§1 مىراس ........ 5
§2 مىراس ئالغۇچىلار ........ 7
§3 مىراستىن مەھرۇم بولغۇچىلار ........ 9
§4 مىراستىكى ئۈلۈشلەر ........ 13
§5 ئەھلى پەرزلەر ........ 13

**ئىككىنچى باب ئەسەبەلەرنىڭ تۈرلىرى** ........ 15
§1 ئەسەبە نەسەبىيە بىنەفسىھى ........ 16
§2 ئەسەبە نەسەبىيە بىغەيرىھى ........ 20
§3 ئەسەبە نەسەبىيە مەئەغەيرىھى ........ 22

**ئۈچىنچى باب ئۈلۈش (سەھمە)لەرنى چىقىرىش ئۇسۇلى** ........ 24
§1 ئاشۇرۇش (عول) ........ 26
§2 كېمەيتىش (قايتۇرۇش) (رد) ........ 32

**تۆتىنچى باب مېيىتنىڭ دادىسى** ........ 45
§1 دادىسىنىڭ 1/6 لىك پەرزلىك ئەھۋالى ........ 45
§2 دادىسىنىڭ ئەھلى پەرز 1/6لىك ۋە ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 51
§3 دادىسىنىڭ خاس ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 55

**بەشىنچى باب مېيىتنىڭ چوڭ دادىسى (يەنى دادىسىنىڭ دادىسى)** ........ 58
§1 چوڭ دادىسىنىڭ ئەھلى پەرز 1/6لىك ئەھۋالى ........ 59
§2 چوڭ دادىسىنىڭ ئەھلى پەرز 1/6لىك ۋە ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 61
§3 چوڭ دادىسىنىڭ خاس ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 63





§4 چوڭ دادىسىنىڭ قېرىنداشلار بىلەن جەم بولۇش ئەھۋالى (1) ........ 65
§5 چوڭ دادىسىنىڭ قېرىنداشلار بىلەن جەم بولۇش ئەھۋالى (2) ........ 67
§6 دادا بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ پەرقى ........ 70

**ئالتىنچى باب ئانا بىر دادا باشقا بىر تۇغقانلار** ........ 72
§1 ئانا بىر دادا باشقا بىر تۇغقانلارنىڭ ئەھلى پەرز 1/6لىك ئەھۋالى ........ 72
§2 ئانا بىر دادا باشقا بىر تۇغقانلارنىڭ ئەھلى پەرز 1/3لىك ئەھۋالى ........ 74
§3 ئانا بىر دادا باشقا بىر تۇغقانلارنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولۇش ئەھۋالى ........ 77

**يەتتىنچى باب مېيىتنىڭ ئېرى** ........ 83
§1 ئەرنىڭ ئەھلى پەرز 1/2لىك ئەھۋالى ........ 83
§2 ئەرنىڭ ئەھلى پەرز 1/4لىك ئەھۋالى ........ 85

**سەككىزىنچى باب مېيىتنىڭ خاتۇنى** ........ 88
§1 خاتۇننىڭ ئەھلى پەرز 1/4لىك ئەھۋالى ........ 88
§2 خاتۇننىڭ ئەھلى پەرز 1/8لىك ئەھۋالى ........ 91

**توققۇزىنچى باب مېيىتنىڭ قىزلىرى** ........ 94
§1 يالغۇز قىزنىڭ ئەھلى پەرز 1/2لىك ئەھۋالى ........ 94
§2 كۆپ قىزلارنىڭ ئەھلى پەرز 2/3لىك ئەھۋالى ........ 97
§3 قىزلارنىڭ ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 99

**ئونىنچى باب مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرى** ........ 101
§1 ئەھلى پەرز يالغۇز قىز ........ 101
§2 ئەھلى پەرز كۆپ قىز ........ 104
§3 مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرىنىڭ خاس ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 106

§4 مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرىنىڭ ئەھلى پەرز 1/6 لىك ئەھۋالى ........ 108
§5 مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرىنىڭ يانداش ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 114
§6 مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرىنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولۇش ئەھۋالى ........ 117

**ئون بىرىنچى باب دادا-ئانا بىر ئاچا-سىڭىللار** ........ 119
§1 ئەھلى پەرز يالغۇز ھەمشىرە ........ 119
§2 ئەھلى پەرز كۆپ ھەمشىرە ........ 122
§3 دادا-ئانا بىر ئاچا-سىڭىللارنىڭ خاس ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 124
§4 دادا-ئانا بىر ئاچا-سىڭىللارنىڭ يانداش ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 125
§5 دادا-ئانا بىر ئاچا-سىڭىللارنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولۇش ئەھۋالى ........ 127
§6 دادا-ئانا بىر تۇغقانلارنىڭ دادا، چوڭ دادا ۋە ئانىلارنىڭ (ئانىنىڭ ... ئانىسى) بىلەن جەم بولۇش ئەھۋالى ........ 129
§7 ئاكا (ئۇكا)نىڭ يالغۇزلۇق ئەھۋالى ........ 131

**ئون ئىككىنچى باب دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللار** ........ 132
§1 ئەھلى پەرز يالغۇز ھەمشىرە ........ 132
§2 ئەھلى پەرز كۆپ ھەمشىرە ........ 135
§3 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ خاس ئەسەبەلىك ئەھۋالى ........ 137
§4 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ 1/6 لىك ئەھۋالى ........ 138
§5 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولۇش ئەھۋالى ........ 140
§6 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ يانداش ئەسەبەلىك ئەھۋالى (1) ........ 142





§7 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ يانداش ئەسەبەلىك ئەھۋالى (2) ........ 144
§8 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولۇش ئەھۋالى ........ 146
§9 دادا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللارنىڭ يالغۇزلۇق ئەھۋالى ........ 149

**ئون ئۈچىنچى باب مېيىتنىڭ ئانىسى** ........ 150
§1 ئانىنىڭ ئەھلى پەرز 1/6 لىك ئەھۋالى ........ 150
§2 ئانىنىڭ ئەھلى پەرز 1/3 لىك ئەھۋالى (1) ........ 155
§3 ئانىنىڭ ئەھلى پەرز 1/3 لىك ئەھۋالى (2) ........ 156
§4 ئانىنىڭ ئەھلى پەرز 1/3 لىك ئەھۋالى (3) ........ 159

**ئون تۆتىنچى باب چوڭ ئانا** ........ 162

**ئون بەشىنچى باب مېيىتنىڭ ئانا بىر دادا باشقا ئاچا-سىڭىللىرى** ........ 165

**ئون ئالتىنچى باب مىراستىن چەكلەش** ........ 166
§1 قىسمەن چەكلەش ........ 166
§2 تولۇق چەكلەش ........ 173

**ئون يەتتىنچى باب زەۋىلئەرھام** ........ 186

**ئون سەككىزىنچى باب باشقا مەسىلىلەر** ........ 194
1. خۇنسا توغرىسىدا ........ 194
2. ھامىلە توغرىسىدا ........ 195
3. يوقاپ كەتكۈچى توغرىسىدا ........ 196
4. مۇرتەد توغرىسىدا ........ 197
5. ئەسىرگە چۈشكەن كىشى توغرىسىدا ........ 198
6. ئاققۇچىلار، كۆيگۈچىلەر ۋە بېسىلغۇچىلار توغرىسىدا ........ 198
7. مىراستىن چىقىۋېلىش (تخارج) توغرىسىدا ........ 199
8. يۆتكەش (مناسخة) مەسىلىسىنىڭ بايانى ........ 203

# بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە

﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ ۚ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ۝٧﴾ «ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار. ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ» (سۈرە نىسا 7- ئايەت).

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلْيَتَٰمَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِى بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا ۝١٠﴾ «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ» (سۈرە نىسا 10- ئايەت).

﴿وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِىَ مِمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ ۚ﴾ «ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق، ئۇلار ئاتا-ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر» (سۈرە نىسا 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).



﴿وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ۝٢٩﴾ «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق» (سۈرە تەكۋىر 29- ئايەت).

﴿تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ وَذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ۝١٣﴾ «ئەنە شۇلار (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر» (سۈرە نىسا 13- ئايەت).

﴿وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدْخِلْهُ نَارًا خَٰلِدًا فِيهَا وَلَهُۥ عَذَابٌ مُّهِينٌ ۝١٤﴾ «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (سۈرە نىسا 14- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**تعلموا الفرائض وعلموها فانه نصف العلم وهو ينسى وهو اول علم ينزع من امتى**» «مىراس ئىلىملىرىنى ئۆگىنىڭلار ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىڭلار، چۈنكى ئۇ (دىنىي) ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر. شۇنداقلا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىم ئەڭ بۇرۇن ئۇنتۇپ كېتىدىغان ۋە زايە قىلىۋېتىدىغان ئىلىمدۇر»[1].

① بۇنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تولىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاۋالە قىلىش يولى بىلەن بەرپا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىراس ئەھكامىدىكى ئۈلۈشلەرنى ئۆزى بىۋاستە بېكىتىپ بەرگەن. بۇ بولسا مىراسنىڭ بەكمۇ مۇھىم ھەق ئىكەنلىكى ۋە مىراس تەقسىماتىنىڭ ماتېماتىكىغا چوڭقۇر باغلانغان ئىنتايىن نازۇك بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىنساننىڭ مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇشى ئىختىيارسىز ياكى ئىختىيارىي يول بىلەن بولىدۇ. ئىختىيارسىز ئىگە بولىدىغان مال-مۈلۈك مىراستىن كېلىدۇ. مىراسخورلارنىڭ بۇ مالدىن ۋاز كەچتۇق، ئالمايمىز دېيىشى ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلغانلىق بولۇپ، بۇ قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ناۋادا رەت قىلسا شەرىئەت ئۇنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرىدۇ. كېلىشلىك ئۈلۈشىدىن ئارتۇق ئېلىۋېلىش تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس. ئىختىيارىي ئىگە بولىدىغان مال-مۈلۈك سودا، ھەدىيە-سوۋغات، ئىجارە، دېھقانچىلىق، ۋەسىيەت ... قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇ ئىككى خىل مال-مۈلۈك ئىچىدە مىراستىن كەلگىنى ئەڭ پاك بولغان مال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ بولسا ئاللاھ تائالا بەرگەن تەبەررۈك سوۋغىدۇر. قالغىنى شۇ كىشى ئۆزى ھەر خىل يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مالدۇر. ئەڭ پاك بولغان مالنى تەلەپ قىلىش بولسا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. كىمكى مىراستىن ۋاز كېچىپ ئۈلۈشىنى ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئىبادەتتىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ. كىشىنىڭ ھاياتلىقىدىكى قىلغان ئىبادەتلىرى دىنىنىڭ يېرىمى ھېسابلانسا، ۋاپاتىدىن كېيىن مىراسىنىڭ شەرىئەت بويىچە تەقسىم قىلىنىشى قالغان يېرىمىدۇر، يەنى مېيىتنىڭ مىراسى شەرىئەت بويىچە تەقسىم قىلىنغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ دىنى پۈتۈن بولغان بولىدۇ ۋە



ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا پۈتۈن دىن بىلەن بارالايدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئەھلىلىرى شەرىئەتنىڭ مىراس قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمىسا، مېيىت ئۆزىنىڭ شۇ يېرىم دىنى بىلەنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىپ قالىدۇ. دېمەك، مىراسنى شەرىئەت بويىچە تەقسىم قىلىش بولسا مېيىتنىڭ دىنىنىڭ پۈتۈنلىنىشىگە ياردەم قىلغانلىق بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مىراسنى شەرىئەت بويىچە تەقسىم قىلماسلىق ۋارىسلارنىڭ سەل قاراپ سۇسلۇق قىلىشى سەۋەبلىكلا بولغاندا بۇنىڭغا مېيىت جاۋابكار بولمىسىمۇ، ئەمما ھايات ۋاقتىدا ئۆزىگە ۋارىس بولىدىغانلارغا مىراس ئىلمىدىن چۈشەنچە بەرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتمىغانلىقى سەۋەبلىك بولۇپ قالغان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى مېيىتقىمۇ يۈكلىنىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئاللاھ تائالا رەھمىسىگە ئالسا ئەپۇ قىلىۋېتەر، ئادالىتىگە ئالسا جازالىماي قويمايدۇ[①]. بۇ ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھ بولۇشى لازىم.

ھاسىلكالام شۇكى، مىراس ئىلمىنى زايە قىلىۋېتىشنىڭ ئاپىتى مۆلچەرلىگۈسىز، قىيامەت كۈنىدىكى سورىقى قاتتىق بولۇپ، بۇنىڭدا ئەھلى ئىلىملەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر. شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىش-ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەممە مۇسۇلمانلاردا مىراس ئىلمى ئېڭىنى قوزغاش بەكمۇ زۆرۈر بولۇپ، مىراس ئىلمى دەرسلىكىنى چوقۇم ئوقۇمىسا قەتئىي بولمايدىغان تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم.

① مىراس ئەھكاملىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمى، ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن تۈزۈپ بېكىتكەن بولۇپ، كىمكى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، كۆزگە ئىلمىسا ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ باشقا يول تۇتسا، ئاللاھ تائالا ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن يولدىن باشقا يول تۇتقان بولىدۇ ھەممە مۇنداق قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُۥ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴾ «ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (سۈرە نىسا 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن جازاسىنى كۈتۈپ تۇرسا بولىدۇ.

# §1 مىراس

پۈتۈن مەدھىيە ۋە ماختاش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ھەممە تەرەپتىن پاك بولغان ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە ھەمراھلىرىغا بولغاي.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مىراس ئىلمىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى، نەقەدەر تەخىرسىزلىكى ۋە ساۋابىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىراستا مۇنداق ئۈچ رۇكنى بار: 1) مېيىت. 2) مىراسخور. 3) مال-مۈلۈك.

شۇنداقلا مىراسخور ھېسابلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان مۇنداق ئۈچ ئامىل بار: 1) نەسەب. 2) نىكاھ مۇناسىۋىتى. 3) ئازاد بولۇشتىن ھاسىل بولغان مۇناسىۋەت.

يەنە شۇنداقلا مىراسنى تەقسىم قىلىشتىمۇ مۇنداق ئۈچ شەرت بار: 1) مىراس قالدۇرغۇچى ۋاپات بولغان بولۇش. 2) مىراسخور ھايات بولغان بولۇش. 3) مىراسنى تەقسىم قىلغۇچى مىراس ئىلىملىرىدىن خەۋەردار بولغان بولۇش.

مىراس ئىلمى ئالىملىرىمىز (ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي) زور ئىجتىھاد بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف ئاساسىدا، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھەممە تەرەپتىن پاك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، مېيىت قالدۇرغان ئىقتىسادقا نىسبەتەن بىرىنچىسىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئىككىنچىسىنى ئادا قىلىشقا بولمايدىغان، تەرتىپلىك بولغان مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك ھەقنى بەلگىلەپ چىقتى:



1. مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، دەپنە قىلىش چىقىمى.

2. مېيىتنىڭ قەرزى. قەرزنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا، مىراس تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ[①].

مېيىتنىڭ قەرزى بىرىنچى خىل چىقىمدىن ئاشقان بارلىق مال-مۈلۈكتىن بېرىلىدۇ ھەمدە تولۇق ئادا قىلىنىدۇ. ئەگەر ئادا قىلىشقا يەتمىسە، بىرىنچى خىل چىقىمدىن ئاشقان پۇل مېلىنى ھەر قايسى قەرز ئىگىلىرىگە قەرزنىڭ نىسبىتى[②] بويىچە قايتۇرىدۇ. قەرزنىڭ ئادا قىلىنمىغان قىسمى مېيىتنىڭ زىممىسىدە قالىدۇ.

3. مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى. مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل چىقىملاردىن ئاشقان مالدىن بېرىلىدۇ.

مىراس يۇقىرىقى ئۈچ خىل چىقىمدىن ئاشقان مال بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفتىكى ھۆكۈملەرنى ئاساس قىلىپ، ساھابىلەرنىڭ سۆز ۋە ئەمەلىيىتىدە سابىت بولغان ئىجمائ ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پەتىۋاسى بويىچە ئەۋۋەل پەرز ئىگىلىرىگە، ئاندىن باشقا مىراسخورلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ.

---

① ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرزنى ۋەسىيەتتىن بۇرۇن تۆلىگەن» — تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

② مەسىلەن، مېيىتنىڭ بىر ئادەمگە 7000 سوم، يەنە بىر ئادەمگە 5000 سوم، جەمئىي 12000 سوم قەرزى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دەپنە چىقىملىرىدىن ئاشقان قالدۇق پۇل 9000 سوم بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ نەق پۇلنى ھەر قايسى قەرز ئىگىلىرىگە مۇنداق تەقسىم قىلىپ بېرىمىز: 7000 سوم بولسا 12000 سومنىڭ 58.33%تى بولغانلىقتىن، بىرىنچى قەرز ئىگىسىگە ئەمەلىي نەق پۇل 9000 سومنىڭ 58.33%نى بېرىمىز؛ 5000 سوم بولسا 12000 سومنىڭ 41.67%تى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى قەرز ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئەمەلىي نەق پۇل 9000 سومنىڭ 41.67%تىنى بېرىمىز. شۇنداق بولغاندا بىرىنچى قەرز ئىگىسىگە 5250 سوم، ئىككىنچى قەرز ئىگىسىگە 3750 سوم تېگىدۇ.

## §2 مىراس ئالغۇچىلار

مىراس ئالغۇچىلار يەتتە تۈرلۈك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار مىراس قالدۇرغۇچى ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ھايات بولۇشى شەرت:

1. ئەھلى پەرزلەر، يەنى «قۇرئان كەرىم»دە مىراس ئۈلۈشى بەلگىلەنگەن مىراسخورلار.

2. ئەسەبەلەر، يەنى ئەھلى پەرز بار بولسا، ئەھلى پەرز بەلگىلەنگەن ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن «ئاشقان»نى ئالىدىغان، ئەھلى پەرزدىن ئاشمىسا ئالمايدىغان؛ ئەھلى پەرز پەقەت بولمىغاندا مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان مىراسخورلار. ئەگەر ئەھلى پەرزلەر بەلگىلەنگەن ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەسەبەلەر تېپىلمىسا، ئەھلى پەرزلەرگە ئۇلۇشى (سەھمىسى)نىڭ ئاز كۆپلۈكىگە ئاساسەن «قايتۇرۇش» قىلىنىدۇ. كىملەرگە قايتۇرۇش قىلىنىدىغانلىقى ئۈچىنچى بابتا بايان قىلىنىدۇ.

3. زەۋىلئەرھاملار، يەنى «قۇرئان كەرىم»دە ئۈلۈشى بەلگىلەنمىگەن، يەنى ئەھلى پەرز ئەمەس، ئەسەبەمۇ ئەمەس، ئەمما ئەھلى پەرز بىلەن ئەسەبە پەقەت بولمىغاندا ئاندىن مىراس ئالىدىغان نەسەب تېشىدىكى تۇغقانلار بولۇپ، بۇلار «ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 75- ئايەت)گە ئاساسەن مىراس ئالىدۇ.

4. مەۋلەل مۇۋالاتلار، يەنى نەسەبى ئېنىق بولمىغان كىشى بىلەن نەسەبى ئېنىق بولغان كىشى ياكى نەسەبى ئېنىق بولمىغان باشقا بىر كىشى ئۆزئارا بىر-بىرىگە



مىراسخور بولۇشقا، قەرزىنى ئۈستىگە ئېلىشقا، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالسا دىيەتلىرىنى تۆلەشكە ئەھدىلەشكەن بولسا، بۇلارمۇ بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىشالايدۇ. بۇلارغا ئۈچىنچى خىلدىكى مىراسخورلارمۇ تېپىلمىغاندا ئاندىن مىراس تېگىدۇ.

5. مۇقەررۇن نەسەب ئەلەلغەيرىلەر، يەنى غەيرىنىڭ ئۈستىگە نەسەب ئىقرار قىلىنغان كىشى بولۇپ، بىر كىشىنى مېنىڭ بىر تۇغقۇنۇم دېسە، ئەمما مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئىقرارى بولمىسا، ئۆلۈپ كەتكۈچى دېگەن سۆزىدىن يانماي ئۆلۈپ كەتسە، ئەشۇ غەيرىنىڭ ئۈستىگە نەسەب ئىقرار قىلىنغان كىشى بولىدۇ. بۇلارغا يۇقىرىدىكى تۆت خىل مىراسخورلارنىڭ ھېچقايسىسى تېپىلمىغاندا ئاندىن مىراس تېگىدۇ.

6. ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلار. يۇقىرىقى بەش خىل مىراسخورلار پەقەت بولمىغاندا مېيىتنىڭ ھەممە مىراسىنى ۋەسىيەت قىلىنغۇچى (بېقىۋېلىنغان بالا دېگەندەك)لار ئالىدۇ.

7. بەيتۇلمال. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈرلۈك مىراسخورلار پەقەت تېپىلمىغاندا مىراس بەيتۇلمالغا تاپشۇرۇلىدۇ. بەيتۇلمال — مۇسۇلمانلار خىزمىتى ئۈچۈن توپلانغان مال-مۈلۈك خەزىنىسى بولۇپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا جىھادتا ئېلىنغان غەنىمەتنىڭ 1/5 قىسمى، پەرز سەدىقە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن توپلانغان ماللار بۇ خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئىسلام ھاكىمىيىتى يوق يەرلەردە بۇ مال ئامانەتدار، ئىشەنچلىك مۆئمىن كىشىلەرگە تۇتقۇزۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ئاۋات قىلىدىغان ئىشلار (مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە ئائىت ئىشلار)غا، ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان كەمبەغەل، ئاجىز، پېقىر كىشىلەرگە، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغان يارامىلىق ئۆلىمالارغا، ئاجىزلار تۇرىدىغان دەڭ-سارايلارغا، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا، دىن يولىدىكى تالىبۇلئىلىملەرگە سەرپ قىلىنىدۇ.

## §3 مىراستىن مەھرۇم بولغۇچىلار

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، نەسەب ئىچىدە بولمىغانلار مىراسخور ھېسابلانمايدۇ.

شۇنداقلا، مىراسخورلاردىمۇ تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بىرەرسى تېپىلسا، مىراسخور بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

1. مۇسۇلماندىن كاپىر، مۇشرىك ۋە مۇرتەد ۋارىسلىرى مىراس ئالالمايدۇ. مۇسۇلمان ۋارىسلارمۇ ئۇلاردىن مىراس ئالالمايدۇ[1]. مۇرتەد خاتۇندىن مۇسۇلمان ۋارىسلىرى مىراس ئالىدۇ، ئەمما مۇرتەد خاتۇن ئۇلاردىن مىراس ئالالمايدۇ. كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە مۇرتەدلەرنىڭ ماللىرى غەنىمەت قاتارىدا بەيتۇلمالغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەمما، مۇرتەد بولغان ئەر كىشىنىڭ مۇسۇلمان ۋاقتىدىكى مۈلكىدىن مۇسۇلمان ۋارىسلىرى مىراس ئالالايدۇ.

2. بېقىۋېلىنغان بالا بىلەن بېقىۋالغۇچى مىراسخور بولۇشمايدۇ. ئەمما، ۋەسىيەت قىلىنغان مالنى ئالالايدۇ. شەرتى شۇكى، ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان بولۇشى، ۋەسىيەت قىلىنغان بولۇشى، ۋەسىيەت قىلىنغان مال تەرەكىنىڭ 1/3 قىسمىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولۇشى لازىم.

3. قىساس ۋە كەففارەتتىن بىرەرى ۋاجىب بولىدىغان قاتىل مىراس ئېلىشتىن مەھرۇمدۇر[2]. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرسى تېپىلسا (ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمان بولغاندا) قاتىل ھېسابلىنىدۇ: 1) قەستەن ئۆلتۈرۈش، يەنى ئۆلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى قورال-ياراغلار (مىلتىق، تاپانچا،

① «كاپىر مۇسۇلمانغا، مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسخور بولالمايدۇ» — بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

② «قاتىلغا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مېلىدىن ھېچنەرسە يوق» — بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان.



قىلىچ، پىچاق، تۆمۈر، توقماق، كالتەك)لار بىلەن قەستەن ئېتىپ ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش[1] بولۇپ، بۇنىڭ جازاسى گۇناھ[2] ۋە قىساستۇر. ئەمما، كەففارەت ۋە دىيەت يوق. 2) قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈش، يەنى ئادەتتە ئۇرۇلسا ئۆلۈش ئېھتىمالى بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قەستەن ئۇرغاندا يۈز بېرىپ قالغان تاسادىپىي ئۆلۈپ قېلىشتۇر. مەسىلەن، قامچا بىلەن بىرەرنى ئۇرغاندا ئۆلۈپ قالغانغا ئوخشاش. بۇنىڭ جازاسى دىيەت[3]، گۇناھ ۋە كەففارەت[4]تۇر. ئەمما، قىساس يوق. 3) خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇش، يەنى بىر كىشى ئوۋنى نىشانلاپ ئوق ئاتتى، ئۇ ئوق ئوۋغا ئەمەس ئادەمگە تەگدى؛ ئۇيقۇلىقىدا ئۆرۈلۈۋىدى بىرسىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى؛ مىنىپ ماڭغان ئۇلىقى بىراۋنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى؛ بىرەر يەردىن سەكرىۋىدى ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالدى؛ قولىدىكى ئېغىر نەرسە چۈشۈپ كېتىپ

① قىساس ۋە رەجىمنى ئىجرا قىلىش ياكى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈچى بۇ ھۆكۈمنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇنداقلا مىراستىن مەھرۇم بولمايدۇ. شۇنىڭدەك سەبىي بالا بىلەن ساراڭ مىراس قالدۇرغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ھالەتتىمۇ مىراستىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. دادىسى ئۆز ئوغلىنى قەستەن ئۆلتۈرسىمۇ قىساس ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇ مىراستىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

② قىساس بولسا دۇنيانىڭ سىياسىتىدۇر. گۇناھ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى جاۋابكارلىق بولۇپ، دۇنيادا تەۋبە قىلىپ پۇشايمان قىلغان بولسا، ئاللاھ تائالا كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلمىغان بولسا بۇ گۇناھى ئۈچۈن ئاخىرەتتە قايتا ھېساب بېرىدۇ، يەنى ئاخىرەتتىكى جازادىن قۇتۇلۇشقا قىساسنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە تەۋبىمۇ زۆرۈر.

③ ئېلىنغان دىيەت ئۆلگۈچىنىڭ تەرەكىسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا، ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاشقانلىرى ۋارىسلارغا مىراس قىلىپ بېرىلىدۇ.

④ قاتىللىقنىڭ كەففارىتىنىڭ ئۆلچىمى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئارقىمۇئارقا ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدا مىسكىنگە تائام بېرىش يوق.

بىراۋ ئۆلۈپ قالدى دېگەندەك[1]. بۇنىڭ جازاسى كەففارەت ۋە دىيەت[2]تۇر. ئەمما، گۇناھ ۋە قىساس يوق. 4) خاتا ئۆلتۈرۈپ

① قاتناش ھادىسىلىرىدە بولسا، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسىنى ھەيدىگۈچىدە قەستەنلىك بارلىقى ياكى يوقلۇقى تەكشۈرۈلىدۇ. ئەگەر قەستەنلىك تېپىلسا قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر قەستەنلىك تېپىلمىسا خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

② قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈش ۋە خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ دىيىتىنى پۇل بىلەن ئادا قىلىشتا پەرق يوق، يەنى ئالتۇن بىلەن ئادا قىلماچى بولسا، 1000 دىنار (يەنى 4250 گرام ئالتۇن)، كۈمۈش بىلەن ئادا قىلماقچى بولسا 10000 دىرھەم (يەنى 31250 گرام كۈمۈش)دۇر. ئەمما، تۆگە بىلەن ئادا قىلماقچى بولسا ئازراق پەرق بار: ئەسلى دىيەت 100 تۆگە، لېكىن قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈشنىڭ دىيىتىدە بىر يىللىق چىشى تۆگىدىن 25 دانە، ئىككى يىللىق چىشى تۆگىدىن 25 دانە، ئۈچ يىللىق چىشى تۆگىدىن 25 دانە، تۆت يىللىق چىشى تۆگىدىن 25 دانە بولۇشى لازىم. خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ دىيىتىدە بىر يىللىق ئەركەك تۆگىدىن 20 دانە، بىر يىللىق چىشى تۆگىدىن 20 دانە، ئىككى يىللىق چىشى تۆگىدىن 20 دانە، ئۈچ يىللىق چىشى تۆگىدىن 20 دانە، تۆت يىللىق چىشى تۆگىدىن 20 دانە بولۇشى لازىم.

دىيەت ئەسلى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۆگىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن بېرىلىدۇ. بىراق، بۇلارنى تاپالماي كالا-قويلارغا قادىر بولسا، بۇنىڭغىمۇ يول بار، يەنى كالا بىلەن ئادا قىلماقچى بولسا 200 دانە كالا، ئەگەر قوي بىلەن ئادا قىلماقچى بولسا 2000 دانە قوي.

ئايال كىشىگە ئەر كىشىنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، يەنى 50 تۆگە. كىچىك بالىغىمۇ كامىل دىيەت كېلىدۇ. لېكىن، ئوغۇل بىلەن قىزدا ئەر بىلەن ئايالدا پەرق بولغانغا ئوخشاش پەرق بار، يەنى ئوغۇل بالىغا 100 تۆگە، قىز بالىغا 50 تۆگە. ھامىلىگىمۇ كامىل دىيەت كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا 100 تۆگە، قىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا 50 تۆگە دىيەت كېلىدۇ.

دىيەت مەسىلىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، يۇقىرىدىكى ماللارنىڭ قىممىتىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ مال ئورنىغا پۇل بېرىشكىمۇ بولىدۇ. ماللارنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاشتا خەلقنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىپ، تۆگە، دىنار، دىرھەم، كالا، قويلاردىن قايسىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى تۆۋەنرەك بولسا، شۇ قىممەت بويىچە ئىجرا قىلىش لازىم. چۈنكى، شەرىئەت جازا ئىشلىرىدا ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس



قويۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈپ قويۇش، يەنى كىشىنىڭ يېرىگە قۇدۇق كولاپ قويۇش ياكى بىرەر تاش دېگەندەك نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇش سەۋەبلىك يۈز بەرگەن مەلۇم بىر كىشىنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈپ قېلىش ۋەقەسى بولۇپ، بۇنىڭدا بىۋاستە قولى بىلەن ئۆلتۈرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدى. بۇنىڭ جازاسى دىيەتتۇر. ئەمما، گۇناھ، قىساس ۋە كەففارەت يوق ھەمدە ئۇ مىراستىن مەھرۇم بولمايدۇ.

4. ھارامدىن بولغان بالا ئىنكار قىلغان دادىسىغا مىراسخور بولالمايدۇ، ئەمما ئانا بالىغا، بالا ئانىغا مىراسخور بولالايدۇ.

5. تالاق قىلىنىۋېتىلگەن خاتۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئىددىتى ئۆتمىسە ئېرى مىراسخور بولىدۇ، ئىددىتى ئۆتسە مىراسخور بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەر كىشى مىراستىن قاچۇرۇپ خاتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ، خاتۇنىنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغۇچە ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ خاتۇن ئۇنىڭدىن مىراس ئالالايدۇ، ئىددىتى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان بولسا مىراس ئالالمايدۇ.

6. لەنەت قىلىشقان ئەر-خوتۇن ئۆزئارا مىراسخور بولالمايدۇ.

7. تۇغۇلۇپ يىغلىمىغان بالا (ئۆلۈك تۇغۇلغان بالا) مىراسخور بولالمايدۇ ۋە بولۇنمايدۇ. مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يارىتىلغان بالىمۇ مىراسخور بولالمايدۇ[1].

قىلىدۇ؛ ئەگەر مېيىتنىڭ ئىگىلىرى بىلەن قاتىل تەرەپ سۈلھى قىلىشىپ قىممەتنى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن باھادا ھېسابلاشقا كېلىشكەن بولسا ياكى مېيىتنىڭ ئىگىلىرى دىيەتنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە رازى بولغان بولسا، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىش لازىم. بەلكى، بۇ تېخىمۇ ساۋابلىقراقتۇر.

كىتابىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تەكشۈرۈپ بەرگۈچى ۋە دىيەت مەسىلىلىرىنى تولۇقلاپ كىرگۈزگۈچى ئەبۇ ئالىيەگە رەھمەت ئېيتىمەن — مۇئەللىف.

① «مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندە يارىتىلغان بالا مىراسخور بولالايدۇ» — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## §4 مىراستىكى ئۈلۈشلەر

«قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئۈلۈشلەر ئالتە خىل بولۇپ، ئۇلار: 1/2، 1/4، 1/8، 1/3، 2/3، 1/6[1].

بۇ ئالتە خىل ئۈلۈشتە بەزىلەرگە بىر خىل ئەھۋال بويىچە، بەزىلەرگە بىر نەچچە خىل ئەھۋال بويىچە مىراس تەقسىم قىلىش يۈرگۈزۈلىدۇ.

## §5 ئەھلى پەرزلەر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈلۈشلەرنىڭ ئىگىسى بولغان مىراسخورلار پەرز ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار 12 خىل. بۇنىڭ تۆت خىلى ئەرلەر، سەككىز خىلى خاتۇنلاردۇر:

1. مېيىتنىڭ دادىسى.
2. مېيىتنىڭ چوڭ دادىسى (دادىسىنىڭ ... دادىسى[2])
3. مېيىتنىڭ ئانا بىر، دادا باشقا ئاكا-ئۇكىسى (تۆۋەندە ئانا بىر ئاكىسى دەپ ئېلىنىدى).
4. مېيىتنىڭ ئېرى.

① بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئۈچى بىرىنچى تۈر، كېيىنكى ئۈچى ئىككىنچى تۈر دەپ ئاتىلىدۇ.

② كىتابىمىزدىكى بۇ كۆپ چېكىت ئالدىدىكى سۆزنىڭ چەكلىمىسىز تەكرارلىنالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى دادىسىنىڭ ... دادىسى دېگىنىمىز مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى (چوڭ دادىسى)نى، ياكى دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى (چوڭ دادىسىنىڭ دادىسى)نى، ياكى دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى (چوڭ دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى)نى، ياكى ... نى كۆرسىتىدۇ.



5. مېيىتنىڭ خاتۇنى.
6. مېيىتنىڭ قىزى.
7. مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزى.
8. مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر ئاچا-سىڭلىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ دادا-ئانا بىر ئاچىسى دەپ ئېلىنىدى).
9. مېيىتنىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئاچا-سىڭلىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ دادا بىر ئاچىسى دەپ ئېلىنىدى).
10. مېيىتنىڭ ئانا بىر، دادا باشقا ئاچا-سىڭلىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئانا بىر ئاچىسى دەپ ئېلىنىدى).
11. مېيىتنىڭ ئانىسى.
12. مېيىتنىڭ چوڭ ئانىسى (ئانىسىنىڭ ... ئانىسى، دادىسىنىڭ ... ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ... ئانىسى).

**چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارنىڭ ساق ياكى فاسىد بولۇشى توغرىسىدىكى قائىدە:** مېيىتنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ساق بولۇشى ئۈچۈن مېيىت بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىغا خاتۇن كىشى ئارىلىشىپ قالمىغان بولۇشى شەرت. مېيىتنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ساق بولۇشى ئۈچۈن مېيىت بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىغا ئەر كىشى ئارىلىشىپ قالمىغان بولۇشى شەرت.



# ئىككىنچى باب ئەسەبەلەرنىڭ تۈرلىرى

- ئەسەبە
  - نەسەبىيە
    - بىنەفسىھى
      - مېيىتنىڭ شاخچىلىرى
      - مېيىتنىڭ ئەسلى
      - مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى
      - مېيىتنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى
    - بىغەيرىھى
    - مەئەغەيرىھى
  - سەبەبىيە

ئەسەبە دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»دە مىراس ئۇلۇشى بەلگىلەنمىگەن، ئەمما ئەھلى پەرز بار بولسا، ئەھلى پەرزدىن «ئاشقان»نى ئالىدىغان، ئاشمىسا ئالمايدىغان، ئەھلى پەرز پەقەت بولمىسا، مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان نەسەب ئىچىدىكى مىراسخورلار بولۇپ، ئۇلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئەسەبە نەسەبىيە. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۈچ خىل بولۇپ، بۇلار تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

2. ئەسەبە سەبەبىيە — بۇ ئازات قىلىش سەۋەبى بىلەن بولىدىغان ئەسەبە بولۇپ، ھازىر جەمئىيەتتە ئەمەلىيىتى يوق.



## §1 ئەسەبە نەسەبىيە بىنەفسىھى

ئەسەبە نەسەبىيە بىنەفسىھى — مىراسخور بىلەن مېيىتنىڭ ئارىسىدا خاتۇن كىشى ۋاستە بولمىغان خاس ئەر كىشىدۇر. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۆت خىل بولىدۇ.

1. مېيىتنىڭ شاخچىلىرى — تەرتىپ بويىچە، مېيىتنىڭ ئوغلى، ئوغلىنىڭ ... ئوغلى؛

2. مېيىتنىڭ ئەسلى — تەرتىپ بويىچە، مېيىتنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ ... دادىسى؛

3. مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى — تەرتىپ بويىچە، مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر، دادا بىر ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ ... ئوغۇللىرى؛

4. مېيىتنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى — تەرتىپ بويىچە، مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر، دادا بىر تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ ... ئوغۇللىرى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىلدىكىلەر تېپىلمىسا، ئاندىن ئۈچىنچى خىلدىكىلەر مىراس ئالالايدۇ، ئۈچىنچى خىلدىكىلەرمۇ تېپىلمىسا، ئاندىن تۆتىنچى خىلدىكىلەر مىراس ئالالايدۇ، بولمىسا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى خىلدىكىلەرگە مىراس تەگمەيدۇ؛ مېيىتنىڭ دادىسى مېيىتنىڭ ئانىسىنى ياكى ئانىسىنىڭ ... ئانىسىنى؛ مېيىتنىڭ ئانىسى مېيىتنىڭ دادىسىنى ياكى دادىسىنىڭ ... دادىسىنى مىراستىن چەكلىيەلمەيدۇ، ئەمما مېيىتنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ۋە مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىنى مىراس ئېلىشتىن چەكلەيدۇ. مەسىلەن:

1. مېيىت: مېيىتنىڭ شاخچىلىرى 6[1] ؛

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئوغۇل (يوق) ئوغۇل (هايات[2]) | دادا | چوڭ دادا | دادا-ئانا بىر ئاكا |
| ئەسەبە | 1/6 | 0 | 0 |

2. مېيىت: مېيىتنىڭ ئەسلى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى يوق) 2 ؛

| | |
|---|---|
| دادا | دادا-ئانا بىر ئاكا |
| ئەسەبە | 0 |

3. مېيىت: مېيىتنىڭ ئەسلى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى يوق) 2 ؛

| | |
|---|---|
| چوڭ دادا | ئانا بىر ئاكا |
| ئەسەبە | 0 |

4. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 6 ؛

| | | |
|---|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا | دادا بىر ئاچا | ئانا بىر ئاكا-ئاچا |
| ئەسەبە | 1/2 | 1/3 |

5. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 6 ؛

| | |
|---|---|
| دادا بىر ئاكا | ئانا بىر ئاكا |
| ئەسەبە | 1/6 |

6. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 6 ؛

| | |
|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا | ئانا بىر ئاكا |
| ئەسەبە | 1/6 |

[1] سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى خەت ئەسەبەنىڭ قايسى تۈردىكى ئەسەبە ئىكەنلىكىنى ۋە ئومۇمىي مەخرەجنى بىلدۈرىدۇ، بۇ تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

[2] بۇ تۆۋەندىمۇ شۇنداق.



7. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 2 ؛

| | |
|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا ئوغۇل | دادا بىر ئاكا ئوغۇل |
| ئەسەبە | 0 |

8. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 3 ؛

| | | |
|---|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا ئوغۇل | دادا بىر ئاكا | ئانا بىر ئاچا 2 |
| 0 | ئەسەبە | 1/3 |

9. مېيىت: مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ شاخچىلىرى (مېيىتنىڭ شاخچىلىرى ۋە ئەسلى يوق) 2 ؛

| | |
|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا ئوغۇل ئوغۇل | دادا بىر ئاكا ئوغۇل |
| 0 | ئەسەبە |

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «دادا-ئانا بىر تۇغقانلار مىراس ئېلىشىدۇ، دادا بىر تۇغقانلارغا تەگمەيدۇ»، دېيىلگەن[1]. مەسىلەن:

[1] مىراس ئىلمىدە: 1) مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر يالغۇز ھەمشىرىسى بىلەن دادا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ھەمشىرىسى جەم بولسا، دادا-ئانا بىر يالغۇز ھەمشىرە مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. دادا بىر ھەمشىرىلەر 1/6نى تەڭ بۆلىشىدۇ، ئاشقان مىراسنى ئەسەبەلەر ئالىدۇ. ئەگەر ئەسەبە بولمىسا، دادا-ئانا بىر يالغۇز ھەمشىرە مىراسنىڭ 3/4نى ئالىدۇ. دادا بىر ھەمشىرىلەر 1/4نى تەڭ بۆلىشىدۇ (81- مىسالنىڭ ئاخىرىدىكى ھېسابقا قاراڭ)؛ 2) دادا-ئانا بىر كۆپ ھەمشىرە بىلەن دادا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ھەمشىرە جەم بولسا دادا بىر ھەمشىرىلەر مىراستىن مەھرۇم بولىدۇ؛ 3) دادا-ئانا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ھەمشىرە بىلەن دادا بىر ئوغۇل ياكى ئوغۇل-قىز جەم بولسا ، دادا-ئانا بىر

10. مېيىت ـــ 2 ـــ ؛

| قىز | دادا-ئانا بىر ئاكا | دادا بىر ئاكا-ئاچا |
|---|---|---|
| 1/2 | ئەسەبە | 0 |

11. مېيىت ـــ 2 ـــ ؛

| قىز | دادا-ئانا بىر ئاكا | دادا بىر ئاكا |
|---|---|---|
| 1/2 | ئەسەبە | 0 |

**(مېيتقا) دادا ـ ئانا بىر ئاكىنىڭ ئوغۇللىرى دادا بىر ئاكىنىڭ ئوغۇللىرىدىن يېقىنراق، دادا ـ ئانا تەرەپ تاغىسى دادا تەرەپ تاغىسىدىن يېقىنراق،** مەسىلەن:

12. مېيىت ـــ 3 ـــ ؛

| دادا-ئانا بىر ئاكا | دادا بىر ئاكا | ئانا بىر ئاچا 2 |
|---|---|---|
| ئەسەبە | 0 | 1/3 |

13. مېيىت ـــ 1 ـــ ؛

| دادا-ئانا | دادا |
|---|---|
| تاغا | تاغا |
| ئوغۇل | ئوغۇل |
| ئەسەبە | 0 |

---

ھەمشىرىلەر پەرز ئىگىسى بولۇپ مىراس ئالسا، دادا بىر ئوغۇل ياكى ئوغۇل-قىز ئەسەبە بولۇپ مىراس ئالىدۇ؛ 4) مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر ئەسەبە بولىدىغان بىر تۇغقانلىرى بىلەن دادا بىر بىر تۇغقانلىرى (قىز، ئوغۇل، ئوغۇل-قىز) جەم بولسا دادا بىر تۇغقانلار مىراستىن مەھرۇم بولىدۇ.



## §2 ئەسەبە نەسەبىيە بىغەيرىھى

ئەسەبە نەسەبىيە بىغەيرىھى ــــ بۇلار مۇنۇ تۆت خىل ئايال كىشىدۇر:

1. مېيىتنىڭ قىزلىرى؛
2. مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزلىرى؛
3. مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر ھەمشىرىلىرى؛
4. مېيىتنىڭ دادا بىر ھەمشىرىلىرى.

بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا 1/2 ياكى 2/3لىك پەرز ئۈلۈشى بار. ئەمما، ئۇلار ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرى ياكى تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن مىراستا جەم بولسا، ئەسەبە بولىدىغان خاتۇن كىشىلەر بولۇپ، «ئاللاھ بالىلىرىڭلار(غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ»، «ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا، (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ» (سۈرە نىسا 11- ۋە 176- ئايەتنىڭ بىر قىسىملىرى)گە ئاساسەن، بىر ئوغۇل ئىككى قىزنىڭ نېسىۋىسىنى ئالىدۇ[①]:

1) مېيىتنىڭ قىزلىرىنىڭ مىسالى:

14. مېيىت ـــ 3 ـــ ؛

| ئوغۇل | قىز |
|---|---|
| 2/3 | 1/3 |

---

① ئەسەبە بىغەيرىھى بولۇشتا خاتۇن كىشى ئەھلى پەرزدىن بولۇش، ئەسەبە قىلغۇچى ئەر خاتۇن كىشىنىڭ دەرىجىسىدە بولۇش ۋە ئەسەبە قىلىنغۇچى ئەرنىڭ تۇغقانلىق قۇۋۋىتى ئەھلى پەرز بولغان خاتۇن بىلەن باراۋەر بولۇش شەرتتۇر.

2) مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ قىزلىرىنىڭ مىسالى:

15. مېيىت 3 ؛

ئوغۇل

ئوغۇل — قىز

2/3 — 1/3

3) مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر ھەمشىرىلىرىنىڭ مىسالى:

16. مېيىت 3 ؛

دادا-ئانا بىر ئاكا 2 ئاچا — ئانا بىر ئاچا 3

ئەسەبە — 1/3

4) مېيىتنىڭ دادا بىر ھەمشىرىلىرىنىڭ مىسالى:

17. مېيىت 3 ؛

دادا بىر ئاكا 2 — دادا بىر ئاچا 2

2/3 — 1/3

ئەمما، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا ئەسەبە نەسەبىيە بىغەيرىھى مەۋجۇد بولمايدۇ، مەسىلەن:

18. مېيىت 1 ؛

دادا-ئانا بىر ئاكا — دادا-ئانا بىر ئاكا

ئەسەبە — قىز

0

19. مېيىت 2 ؛

ئوغۇل — ئوغۇل

ئەسەبە — قىز

0



20. مېيىت 1 ؛

دادا-ئانا بىر تاغا — دادا-ئانا بىر ھامما

ئەسەبە — 0

## §3 ئەسەبە نەسەبىيە مەئەغەيرىھى

ئەسەبە نەسەبىيە مەئەغەيرىھى — «ئاچا-سىڭىللار مېيىتنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئەسەبە قىلىنغۇلار»[①]گە ئاساسەن، ئۆزىدىن باشقا خاتۇن كىشىلەر بىلەن بىرگە ئەسەبە بولىدىغان خاتۇن كىشىلەر بولۇپ:

1. مېيىتنىڭ يالغۇز ياكى كۆپ قىزى بىلەن دادا-ئانا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ئاچا-سىڭىللار؛

2. مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... يالغۇز ياكى كۆپ قىزى بىلەن دادا-ئانا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ئاچا-سىڭىللار؛

3) مېيىتنىڭ يالغۇز ياكى كۆپ قىزى بىلەن دادا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ئاچا-سىڭىللار؛

4) مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... يالغۇز ياكى كۆپ قىزى بىلەن دادا بىر يالغۇز ياكى كۆپ ئاچا-سىڭىللار جەم بولغاندا مېيىتنىڭ ياكى مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... يالغۇز ياكى كۆپ قىزى ئەھلى پەرز بولۇپ مىراس ئالسا، ئاچا-سىڭىللار ئەسەبە بولۇپ مىراس ئالىدۇ، مەسىلەن:

21. مېيىت 2 ؛

قىز — دادا-ئانا بىر ئاچا

1/2 — ئەسەبە

22. مېيىت 3 ؛

قىز2 — دادا-ئانا بىر ئاچا

2/3 — ئەسەبە

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

23. مېيىت ___2___ ؛
ئوغۇل قىز 1/2 — دادا-ئانا بىر ئاچا ئەسەبە

24. مېيىت ___2___ ؛
قىز 1/2 — دادا بىر ئاچا ئەسەبە

25. مېيىت ___3___ ؛
قىز 2 2/3 — دادا بىر ئاچا ئەسەبە

26. مېيىت ___2___ ؛
ئوغۇل قىز 1/2 — دادا بىر ئاچا ئەسەبە

27. مېيىت ___3___ ؛
ئوغۇل قىز 2 2/3 — دادا-ئانا بىر ئاچا 2 ئەسەبە



# ئۈچىنچى باب ئۈلۈش (سەھمە)لەرنى چىقىرىش ئۇسۇلى

«قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئۈلۈشلەر 1/2، 1/4، 1/8، 1/3، 2/3، 1/6دىن ئىبارەت جەمئىي ئالتە خىل بولۇپ، مىراسخورلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، بەزىلىرى ئاشىدۇ، بەزىلىرى كېمىيىدۇ، ئۈلۈش ئىگىلىرى مىراستا نەچچە خىل جەم بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدا ۋە تۆۋەندە نۇرغۇنلىغان مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

ئەمدى بۇ بابتا ئومۇمىي مەخرەجنى چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە شۇنىڭغا دائىر قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

28. مېيىت ___4___ خاتۇن؛
ئەر 1/4 — ئوغۇل ئەسەبە

مىسالدىكى سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى سان ئومۇمىي مەخرەج دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەخرەجلەر يەتتە خىل بولۇپ، ئۇلار 2، 3، 4، 8، 6، 12، 24 قاتارلىقلاردۇر.

ئەگەر مۇشۇ مىسالدىكىگە ئوخشاش ۋارىسنىڭ ئۈلۈشى 1/4 بولسا، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەخرىجى «4» بولىدۇ، يەنى ئومۇمىي مەخرەج ئۈلۈشلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بولۇپ، 1/4 ئۈلۈشنى ئايرىش ئۈچۈن «4» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 1/2

ئۈلۈشنى ئايرىش ئۈچۈن «2» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 1/4 بىلەن 1/2نى ئايرىش ئۈچۈنمۇ «4» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 1/3 بىلەن 2/3نى ئايرىشقا «3» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 1/3 بىلەن 1/6نى ئايرىشقا «6» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 2/3 بىلەن 1/4نى ئايرىشقا «12» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ؛ 1/8 بىلەن ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى ئايرىشقا «24» ئومۇمىي مەخرەج قىلىنىدۇ①، مەسىلەن:

29. مىيىت — 8 — ئەر:

| | | |
|---|---|---|
| قىز | خاتۇن | تاغا |
| 1/2 | 1/8 | ئەسەبە |

30. مىيىت — 12 — خاتۇن:

| | | |
|---|---|---|
| قىز | دادا | ئەر |
| 1/2 | 1/6 | 1/4 |
| | ئەسەبە | |

31. مىيىت — 24 — ئەر:

| | | | |
|---|---|---|---|
| خاتۇن | 2 قىز | چوڭ ئانا | تاغا |
| | | | ئوغۇل |
| 1/8 | 2/3 | 1/6 | ئەسەبە |

32. مىيىت — 24 — ئەر:

| | | | |
|---|---|---|---|
| خاتۇن | 2 قىز | ئانا | تاغا |
| | | | ئوغۇل |
| 1/8 | 2/3 | 1/6 | ئەسەبە |

① يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنداق: يۇقىرىدا ئۈلۈشلەرنى بىرىنچى تۈر ۋە ئىككىنچى تۈر دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىغانىدۇق. ئەمدى شۇ بىرىنچى تۈردىكى 1/2 ئىككىنچى تۈرنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسى بىلەن بىرگە كەلسە، مەخرەج «6» بولىدۇ. بىرىنچى تۈردىكى 1/4 ئىككىنچى تۈرنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسى بىلەن بىرگە كەلسە، مەخرەج «12» بولىدۇ. بىرىنچى تۈردىكى 1/8 ئىككىنچى تۈرنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسى بىلەن بىرگە كەلسە مەخرەج «24» بولىدۇ.



# §1 ئاشۇرۇش (عول)

مىراس تەقسىماتى ئۈچ خىل بولىدۇ: 1) ئومۇمىي مەخرەج بىلەن ئەھلى پەرز سەھىملىرىنىڭ يىغىندىسى باراۋەر بولسا نورمال تەقسىمات بولىدۇ. 2) ئەھلى پەرز سەھىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئومۇمىي مەخرەجدىن كۆپ بولسا مىراس تەقسىماتىدا ئاشۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. 3) ئەھلى پەرزلەر سەھىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئومۇمىي مەخرەجدىن ئاز بولسا مىراس تەقسىماتىدا قايتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئومۇمىي مەخرەج سەھىملەرنى ئايرىشقا يەتمىسە، ئەھۋالغا قاراپ ئومۇمىي مەخرەجكە نىسبەتەن «ئاشۇرۇش» ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەسلىي ئومۇمىي مەخرەج 6 بولۇپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ 7، 8، 9، 10لارغا ئاشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەسلىي ئومۇمىي مەخرەج 12 بولۇپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ 13، 15، 17لەرگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەسلىي ئومۇمىي مەخرەج 24 بولۇپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە، 27گىلا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئاشۇرۇش دېگىنىمىز ئومۇمىي مەخرەج ئاز، پەرز ئىگىلىرىنىڭ سەھىملىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ سانى كۆپ بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، مەخرەجنى پەرز ئىگىلىرىنىڭ سەھىملىرىنىڭ يىغىندىسىچىلىك ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي مەخرەج ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئەھلى پەرزلەردىن ئاشسا ئەسەبە ئالىدۇ، ئاشمىسا ئالمايدۇ. ئەسەبەنى مەقسەت قىلىپ ئاتايىن ئاشۇرۇش ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئاندىن ئومۇمىي مىراسنى ئاشۇرۇلغان سانغا بۆلۈپ، ھەر بىر ئۈلۈشنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تاپىمىز. ئاندىن بۇنى ھەر قايسى پەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۈلۈش سانىغا كۆپەيتىپ، ھەر قايسى پەرز ئىگىلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى تاپىمىز. ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇنداق:

33. مېيىت ـــــ 12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە ـــــ ئەر؛

| | | | |
|---|---|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاچا | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاچا 2 | خاتۇن |
| 1/2 | 1/6 | 1/3 | 1/4 |
| 6 | 2 | 4 | 3 |

مىسال ئۈچۈن ئومۇمىي مىراسنى 12000 سوم دەپ ئالساق، ھەر قايسى پەرز ئىگىلىرىنىڭ نېسىۋىلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| ئومۇمىي مىراس ئۈلۈشىنىڭ سانى | 6 + 2 + 4 + 3 = 15 |
| ھەربىر ئۈلۈشنىڭ قىممىتى | 12000 ÷ 15 = 800 (سوم) |
| دادا-ئانا بىر ئاچىنىڭ نېسىۋىسى | 800 × 6 = 4800 (سوم) |
| دادا بىر ئاچا (2)نىڭ نېسىۋىسى | 800 × 2 = 1600 (سوم) |
| ئانا بىر ئاچا (2)نىڭ نېسىۋىسى | 800 × 4 = 3200 (سوم) |
| خاتۇننىڭ نېسىۋىسى | 800 × 3 = 2400 (سوم) |

34. مېيىت ـــــ 2 ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| دادا بىر ئاچا | ئەر |
| 1/2 | 1/2 |

35. مېيىت ـــــ 2 ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاچا | ئەر |
| 1/2 | 1/2 |

36. مېيىت ـــــ 2 ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| دادا-ئانا بىر ئاكا | ئەر |
| ئەسەبە | 1/2 |

37. مېيىت ـــــ 4 ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| ئەر | ئوغۇل-قىز |
| 1/4 | ئەسەبە |



38. مېيىت ـــــ 4 ـــــ خاتۇن؛

| | | |
|---|---|---|
| قىز | ئەر | دادا-ئانا بىر ئاكا |
| 1/2 | 1/4 | ئەسەبە |

39. مېيىت ـــــ 6 ئاشۇرۇلىدۇ 8گە ـــــ خاتۇن؛

| | | |
|---|---|---|
| ئەر | ئانا | دادا بىر ئاچا |
| 1/2 | 1/3 | 1/2 |

40. مېيىت ـــــ 6 ئاشۇرۇلىدۇ 8گە ـــــ خاتۇن؛

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەر | ئانا | دادا-ئانا بىر ئاچا | ئانا بىر ئاچا |
| 1/2 | 1/6 | 1/2 | 1/6 |

41. مېيىت ـــــ 6 ئاشۇرۇلىدۇ 7گە ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| ئەر | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 |
| 1/2 | 2/3 |

42. مېيىت ـــــ 6 ئاشۇرۇلىدۇ 8گە ـــــ خاتۇن؛

| | | |
|---|---|---|
| ئەر | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا |
| 1/2 | 2/3 | 1/6 |

43. مېيىت ـــــ 6 ئاشۇرۇلىدۇ 7گە ـــــ خاتۇن؛

| | |
|---|---|
| ئەر | دادا بىر ئاچا 2 |
| 1/2 | 2/3 |

44. مېيىت ـــــ 4 ـــــ خاتۇن؛

| | | |
|---|---|---|
| ئەر | دادا-ئانا بىر ئاچا | دادا بىر ئاكا |
| 1/2 | 1/2 | ئەسەبە |
| | | 0 |

45. مېيىت ——— خاتۇن؛

6 ئاشۇرۇلىدۇ 9غا

| ئەر | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاچا |
|---|---|---|---|
| 1/2 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |

46. مېيىت ——— خاتۇن؛

6 ئاشۇرۇلىدۇ 9غا

| ئەر | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاكا 2 |
|---|---|---|
| 1/2 | 2/3 | 1/3 |

47. مېيىت ——— خاتۇن؛

6 ئاشۇرۇلىدۇ 10غا

| ئەر | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاكا 2 | ئانا |
|---|---|---|---|
| 1/2 | 2/3 | 1/3 | 1/6 |

48. مېيىت ——— خاتۇن؛

6 ئاشۇرۇلىدۇ 10غا

| ئەر | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاكا 2 |
|---|---|---|---|
| 1/2 | 2/3 | 1/6 | 1/3 |

49. مېيىت ——— ئەر؛

8

| خاتۇن | قىز | دادا-ئانا بىر ئاكا |
|---|---|---|
| 1/8 | 1/2 | ئەسەبە |

50. مېيىت ——— ئەر؛

8

| خاتۇن | قىز | ئوغۇل |
|---|---|---|
| 1/8 | ئەسەبە | ئەسەبە |

51. مېيىت ——— ئەر؛

4

| خاتۇن | دادا بىر ئاكا |
|---|---|
| 1/4 | ئەسەبە |



52. مېيىت ——— ئەر؛

4

| خاتۇن | دادا-ئانا بىر ئاچا | دادا بىر ئاكا |
|---|---|---|
| 1/4 | 1/2 | ئەسەبە |

53. مېيىت ——— ئەر؛

3

| ئانا | دادا-ئانا بىر ئاكا |
|---|---|
| 1/3 | ئەسەبە |

54. مېيىت ——— ئەر؛

3

| قىز 2 | دادا-ئانا بىر ئاكا |
|---|---|
| 2/3 | ئەسەبە |

55. مېيىت ——— خاتۇن؛

12 ئاشۇرۇلىدۇ 13كە

| ئەر | قىز 2 | ئانا |
|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 |

56. مېيىت ——— خاتۇن؛

12 ئاشۇرۇلىدۇ 13كە

| ئەر | قىز 2 | دادا ① |
|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 ئەسەبە |

57. مېيىت ——— خاتۇن؛

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| ئەر | قىز 2 | دادا | ئانا |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 ئەسەبە | 1/6 |

① بۇنداق ھالەتتە دادا 1/6لىك ئەھلى پەرز ھەم ئەسەبە بولىدۇ. ئۇ ئۆز سەھمىسى ئۈچۈن «2» ئۈلۈشنى ئالىدۇ، ئەمما ئەسەبىلىكى ئۈچۈن ھېچنەرسە تەگمەيدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئەسەبەلىكى ئۈچۈن ھېچنەرسە تەگمەي قالىدى دېگەن مەقسەتتە ئاتايىن ئاشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ، بۇ تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

58. مېيىت ـــ خاتۇن:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 13كە

| ئەر | قىز | دادا | ئانا |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 1/2 | 1/6 | 1/6 |
| | | ئەسەبە | |

59. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| خاتۇن | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاكا |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |

60. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| خاتۇن | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاچا |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |

61. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 17گە

| خاتۇن | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاكا 2 |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 | 1/3 |

62. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| خاتۇن | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاكا 2 |
|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/3 |

63. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| خاتۇن | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاچا 2 |
|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/3 |

64. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 17گە

| خاتۇن | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاكا 2 |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 | 1/3 |



65. مېيىت ـــ ئەر:

24 ئاشۇرۇلىدۇ 27گە

| خاتۇن | قىز 2 | دادا | ئانا |
|---|---|---|---|
| 1/8 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |
| | | ئەسەبە | |

66. مېيىت ـــ ئەر:

24 ئاشۇرۇلىدۇ 27گە

| خاتۇن | ئوغۇل قىز 2 | دادا | ئانا |
|---|---|---|---|
| 1/8 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |
| | | ئەسەبە | |

67. مېيىت ـــ ئەر:

24 ئاشۇرۇلىدۇ 27گە

| خاتۇن | قىز 2 | دادا | چوڭ ئانا (ئانىنىڭ ئانىسى) |
|---|---|---|---|
| 1/8 | 2/3 | 1/6 | 1/6 |
| | | ئەسەبە | |

68. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 15كە

| خاتۇن | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | ئانا بىر ئاچا 2 | تاغا |
|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/3 | ئەسەبە |
| | | | 0 |

69. مېيىت ـــ ئەر:

12 ئاشۇرۇلىدۇ 17گە

| خاتۇن | دادا بىر ئاچا 2 | ئانا | ئانا بىر ئاچا 2 | قاتىل ئوغۇل |
|---|---|---|---|---|
| 1/4 | 2/3 | 1/6 | 1/3 | 0 |

## §2 كېمەيتىش (قايتۇرۇش) (رد)

كېمەيتىش بولسا مىراس ئىلمى ئىستېمالىدا ئاشۇرۇشنىڭ ئەكسىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇ، ئومۇمىي مەخرەج مىراسخورلار

سەھملىرىنىڭ يىغىندىسىدىن كۆپ بولغان ئەھۋالدا، ئەھلى پەرز ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مىراستىن ئاشقانىنى ئەھلى پەرزلەرنىڭ سەھملىرىگە قاراپ قايتا تەقسىم قىلىشتۇر، مەسىلەن:

| 70. مېيىت | 6 | |
|---|---|---|
| | قىز 2 | ئانا |
| | 2/3 | 1/6 |

| 71. مېيىت | 6 كېمەيتىلىدۇ 5كە ① | |
|---|---|---|
| | قىز 2 | ئانا |
| | 4/5 | 1/5 |

كېمەيتىش قىلىشقا بولىدىغان ۋارىسلار يەتتە خىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار: 1) مېيىتنىڭ قىزى؛ 2) مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ ... قىزى؛ 3) مېيىتنىڭ دادا-ئانا بىر ئاچىسى (سىڭلىسى)؛ 4) مېيىتنىڭ دادا بىر ئاچىسى (سىڭلىسى)؛ 5) مېيىتنىڭ ئانا بىر تۇغقان (ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل)لىرى؛ 6) مېيىتنىڭ ئانىسى؛ 7) مېيىتنىڭ ئانىسىنىڭ ... ئانىسى.

يەنە باشقا ئەھلى پەرزلەردىن مېيىتنىڭ دادىسى، مېيىتنىڭ دادىسىنىڭ ... دادىسى بولسا ھەم ئەھلى پەرز ھەم ئەسەبە بولغىنى ئۈچۈن بۇلارغا قايتۇرۇش قىلىنمايدۇ. يەنە مېيىتنىڭ ئېرى بىلەن خاتۇنى ئەھلى پەرز سەبەبىيە بولغىنى ئۈچۈن بۇلارغىمۇ قايتۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئەر بىلەن خاتۇنغا قايتۇرۇش قىلىنمىغان ئەھۋالدا، ئەھلى پەرز بولمىغانىكەن، ئاشقان مال زەۋىلئەرھامغا بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى يەتتە تۈرلۈك ئەھلى پەرزلەرگە قايتۇرۇش قىلىشنىڭ شەرتلىرى: 1) پەرز ئىگىسى بار بولغان بولۇش؛ 2)

① ئەسلى مەخرەج «6» بولۇپ، ئىككى قىزغا 2/3نى، ئانىغا 1/6نى بەرسە، يەنە 1/6ى ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە مەخرەج «6»دىن «5»كە كېمەيتىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ.



ئەسەبە بولماسلىق؛ 3) پەرز ئىگىلىرى ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تەرەكىدىن بىر نەرسە ئاشقان بولۇشى لازىم. بۇ ئۈچ شەرت تولۇق ھازىرلانمىسا قايتۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ.

| 72. مېيىت | 6 | |
|---|---|---|
| | قىز | دادا (چوڭ دادا) |
| | 1/2 | 1/6 ئەسەبە |

| 73. مېيىت | 3 | |
|---|---|---|
| | ئانا | دادا (چوڭ دادا) |
| | 1/3 | ئەسەبە |

| 74. مېيىت | 2 | |
|---|---|---|
| | دادا-ئانا بىر ئاچا 2 | چوڭ دادا |
| | 1/2 | 1/2 |

قايتۇرۇش قىلىش (كېمەيتىپ بېرىش) مەسىلىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولۇپ، ئۇلار:

1. ئەھلى پەرز بىر جىنسلىقلا بولسا، ئاشقىنى ئاشۇ ئەھلى پەرزنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇش قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

| 75. مېيىت | 2 |
|---|---|
| | قىز |
| | 1/2 |
| | 1/2 |

| 76. مېيىت | 3 |
|---|---|
| | ئوغۇل |
| | قىز 3 |
| | 2/3 |
| | 1/3 |

| 77. مېيىت | 3 |
|---|---|
| | دادا-ئانا بىر ئاچا3 |
| | 2/3 |
| | 1/3 |

| 78. مېيىت | 2 |
|---|---|
| | دادا بىر ئاچا |
| | 1/2 |
| | 1/2 |

| 79. مېيىت | 3 | (6) |
|---|---|---|
| | ئانا | (چوڭ ئانا) |
| | 1/3 | 1/6 |
| | 2/3 | 5/6 |

| 80. مېيىت | 3 |
|---|---|
| | ئانا بىر ئاچا 2 |
| | 1/3 |
| | 2/3 |

2. مىراستا ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئەھلى پەرزلەر جەم بولسا، ئەر ياكى خاتۇن بولمىسا، ھەر قايسى ئەھلى پەرزلەر ئۆز سەھمىلىرى بويىچە نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشقىنىنى مىراستا جەم بولغان ئەھلى پەرزلەرنىڭ سەھمىسى بويىچە قايتا .... قايتۇرۇش قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

81. مېيىت $\frac{\text{6 كېمەيتىلىدۇ 4كە}}{}$ ؛

| قىز | ئوغۇل | ئەسەبە يوق |
|---|---|---|
| 1/2 | قىز (بىر ياكى كۆپ) | ئاشقىنى 1/3 |
| 3/4 | 1/6 | |
| | 1/4 | |

ئەگەر ئاشقاننى ئالىدىغان ئەسەبە بولسا ئىدى، مېيىتنىڭ قىزى 1/2نى، ئوغۇلنىڭ قىزى (بىر ياكى كۆپ) 1/6نى ئالاتتى. ئاشقان 1/3 ئەسەبەگە بېرىلگەن بولاتتى. ھازىرقى ئەھۋالدا ئاشقاننى ئالىدىغان ئەسەبە بولمىغانلىقتىن تۆۋەندىكى ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق مېيىتنىڭ قىزىنىڭ سەھمىسى 3/4، مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى (بىر ياكى كۆپ)نىڭ سەھمىسى 1/4 بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنى مۇشۇ تۇردىكى باشقا بەش خىل ئەھۋالغا تەتبىقلاشقىمۇ تامامەن بولىدۇ.

$$1-(\frac{1}{2}+\frac{1}{6})=\frac{1}{3}$$ (ئاشقىنى)

1/3نى يالغۇز قىزغا 1/2، ئوغلىنىڭ قىزلىرىغا 1/6 بويىچە قايتۇرۇش قىلساق:



1- قېتىم:

$$\frac{1}{2}+(\frac{1}{3}\times\frac{1}{2})=\frac{1}{2}(1+\frac{1}{3})=\frac{2}{3}$$

$$\frac{1}{6}+(\frac{1}{3}\times\frac{1}{6})=\frac{1}{6}(1+\frac{1}{3})=\frac{2}{9}$$

ئاشقىنى:

$$1-(\frac{2}{3}+\frac{2}{9})=\frac{1}{9}$$

2- قېتىم:

$$\frac{1}{2}(1+\frac{1}{3})+(\frac{1}{9}\times\frac{1}{2})=\frac{1}{2}(1+\frac{1}{3}+\frac{1}{9})=\frac{13}{18}$$

$$\frac{1}{6}(1+\frac{1}{3})+(\frac{1}{9}\times\frac{1}{6})=\frac{1}{6}(1+\frac{1}{3}+\frac{1}{9})=\frac{13}{54}$$

ئاشقىنى:

$$1-(\frac{13}{18}+\frac{13}{54})=\frac{1}{27}$$

......................................

يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە چەكسىز كۆپ قېتىم قايتۇرۇش قىلساق، ئاشقىنى ھەر قېتىمدا 1/3 ھەسسە بويىچە چەكسىز كىچىكلەپ نۆلگە ئىنتايىن يېقىنلىشىدۇ-دە، مېيىتنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ سەھمىسى 3/4كە، ئوغلىنىڭ قىزلىرىنىڭ سەھمىسى 1/4گە ئىنتايىن يېقىنلىشىدۇ، مەسىلەن:

82. مېيىت $\frac{\text{6 كېمەيتىلىدۇ 4كە}}{}$ ؛

| قىز | ئانا (چوڭ ئانا) |
|---|---|
| 1/2 | 1/6 |
| 3/4 | 1/4 |

83. مېيىت $\frac{\text{6 كېمەيتىلىدۇ 5كە}}{}$ ؛

| قىز 2 | ئانا |
